# بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سول قولى بىلەن بىر نەرسە يېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن» دېدى، ئۇ كىشى: قادىر بولالمايمەن ياكى يېيەلمەيمەن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«قادىر بولالماسمەن-يېيەلمەمسەن؟

سەلەمەتە بىن ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سول قولى بىلەن بىر نەرسە يېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن» دېدى، ئۇ كىشى: قادىر بولالمايمەن ياكى يېيەلمەيمەن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«قادىر بولالماسمەن-يېيەلمەمسەن؟»دېدى، ئۇ كىشىنى تەكەببۇرلۇق ئوڭ قولى بىلەن يېيىشتىن چەكلەپ قويدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولى بىلەن يېمەك يېيەلمىدى.

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ سول قولى بىلەن بىر نەرسە يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىشكە بۇيرىدى. ئۇ كىشى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، يالغان ئېيتىپ: قادىر بولالمايمەن-يېيەلمەيمەن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ ئوڭ قولى بىلەن يېيىشتىن مەھرۇم قىلىنىشىغا دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئۇ كىشى شۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولى بىلەن ھېچ نەرسە يېيەلمىدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3372

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee